يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىدىغان بىمەنە لوگىكا

ـــ ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقىغا باھا

☐جۇڭ شېڭ

«يالغان سۆز مىڭ قېتىم تەكرارلانسىمۇ يەنىلا يالغان سۆز.» بۇ پولاتتەك قائىدىنى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر «تاللاش خاراكتېرلىك» نەزەردىن ساقىت قىلدى.

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش ھالىتىنىڭ ساقلانغانلىقى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.3% ئېشىپ، داۋاملىق ئوتتۇرا ھال يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشنى ساقلىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قەستەن «جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار» دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ؛ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئامېرىكا تەرەپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇپ، فېنتانىيە تۈرىدىكى ماددىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى قاتتىق يولغا قويغانلىقى ناھايىتى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر پاكىتقا پەرۋا قىلماي، جۇڭگوغا ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدىكى فېنتانىيە تۈرىدىكى ماددىلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى دەپ قارا چاپلاپ، ئامېرىكا تەرەپ ئۆزىنىڭ فېنتانىيە تۈرىدىكى ماددىلارنى قالايمىقان ئىشلىتىش مەسئۇلىيىتىنى جۇڭگوغا ئىتتىرىپ قويدى؛ جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن «نەنخەي دېڭىزدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھەرىكەت خېتابنامىسى»نىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، «نەنخەي دېڭىزى ھەرىكەت مىزانى» كېڭىشىشنى پائال ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ھەممە «مىزان»نىڭ يەككە كېڭىشىش تېكىست لايىھەسىنى بىرىنچى نۆۋەتلىك تەكشۈرۈپ ئوقۇشنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، «جۇڭگو تەھدىت سېلىش ۋاستىسى ئارقىلىق نەنخەي دېڭىزىنى ئېچىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ» «جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى قوشنا دۆلەتلەرنى مەجبۇرلاش قىلمىشى شۇ رايوننىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا تەھدىت كۆرسىتىۋاتىدۇ» دەپ قالايمىقان جۆيلۈۋاتىدۇ... خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنىڭ روشەن ئىكەنلىكىنى، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىدىغان، ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىدىغان ئويۇننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەقىقەتنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمىسە كېرەك.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان «ئامېرىكا زىيان تارتىش سەپسەتىسى»، «مەجبۇرىي تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش» «بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلاش» قاتارلىق ئەيىبلەشلەرگە تايىنىپ، جۇڭگوغا قارىتىلغان ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىنىڭ دەرىجىسىنى خالىغانچە ئۆستۈرمەكتە، بۇ پەقەت تېخىمۇ كۆپ ئامېرىكا كارخانىلىرى ۋە ئىستېمالچىلىرىنى قۇربانلىق بۇيۇمغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، يەنە دۇنيا ئىقتىسادىغا غايەت زور خەۋپ ـ خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەممىلا يەردە ئاتالمىش «جۇڭگو تەھدىتى»نى كۆپتۈرۈپ، بۇ ئامېرىكىغا تەھدىت سېلىپلا قالماي، يەنە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگىمۇ «تەھدىت سالىدۇ» دەپ جار سېلىۋاتىدۇ، ھەتتا جۇڭگونىڭ تاشقى تەرەققىيات ياردىمىگە «قەرز تۇزىقى» دەپ بىمەنىلەرچە تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ. بۇنداق يامان نىيەتلىك ساختا ئەيىبلەشكە قارىتا، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاشكارا رەددىيە بەردى، ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدىكى بىلىملىك زاتلارمۇ بىرلىشىپ ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، جۇڭگونى دۈشمەن دەپ قاراشقا قارشى تۇردى.

تارىخ ئاللىقاچان شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەرەققىيات رىقابىتى ئالدىدا، توغرا ئۇسۇل ئەزەلدىن باشقىلارغا قارا چاپلاپ زەربە بېرىش بولماسلىقى كېرەك، بەلكى ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈرىدىغان بولۇشى ـــ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەم ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېنېرگىيەسىگە ئىگە بولۇشى، ھەم ھەققانىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولۇشى، يەنە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان قەلبكە ئىگە بولۇشى كېرەك. «جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، پەخىرلىك مىللەت، ئۇلارغا قارىتىلغان ئەيىبلەش، ئىغۋاگەرچىلىك، تەھدىت ۋە ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ئامېرىكا ئاھالىسى يەر شارىنىڭ 20%كە يېقىنىنى ئىگىلەيدىغان جۇڭگونىڭ ئىلگىرىلىشىنى بارلىق ئاماللار بىلەن توسماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ قىلمىشتا تېكلەنگىنى ئىجابىي ئۈلگىمۇ؟» ئامېرىكىنىڭ سابىق مۇۋەققەت ياردەمچى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى دۇڭ يۈنشاڭ ئالدىنقى ئايدا يېڭىبو ئاگېنتلىقى تور بېكىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ، ئامېرىكا خەلق ئاممىسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا ئوبرازىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەندىشە قىلىشتەك پىسخىكىلىق تەشۋىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولۇش خەلقئارا ئالاقىدىكى ئاساسىي ئەخلاق ـ ھەققانىيەت ۋە مىزان. گۇمان قىلىشقا بولمايدۇكى، ھەرقانداق دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەگەر بۇ ئەڭ تۆۋەن چەكنىمۇ قولدىن بېرىپ قويسا، يەنە قانداق خەلقئارا ئەخلاق ـ ھەققانىيەت، ئىشەنچتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟!

ئەخلاققا يات سۆزلەرنى قىلماسلىق، ھەققانىيەتكە يات ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك. جۇڭگو ئەزەلدىن بۇنداق ھەرىكەت مىزانىغا ھۆرمەت قىلغاچقا، «يوللۇقلار جاھان كېزىش»، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىدىغانلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىدىن قورقماسلىق جاسارىتىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىمەنە لوگىكىسى ئارقىلىق ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى مۆلچەرلىمەسلىكى، تېخىمۇ مۇھىمى، دۇنيانى ئالقىندا ئوينىتىش خىيالىي تۇيغۇسىغا بېرىلىپ كەتمەسلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىمىز. بىلىش كېرەككى، ھەقىقەت بىلەن ھەققانىيەت كېچىكىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما مەڭگۈ كەم بولمايدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى كارخانىنى قۇرۇش ۋاقتى 5.5 خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى سودا ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى، مەمۇرىي تەستىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ قىيىن نۇقتا، ئاغرىق نۇقتا، توسۇق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىۋېتىش»، كارخانا نامىنى ئۆز ئالدىغا مەلۇم قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، كارخانا قۇرۇش ۋاقتىنى يەنىمۇ قىسقارتىپ، كارخانىلارغا تېخىمۇ ئاشكارا، ئوچۇق، قولايلىق ئىجازەت مۇھىتى يارىتىپ بەردى.

«ئۈچ كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش» ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزۈشتىن نۆۋەتتە ئىشقا ئاشۇرۇلغان «26 كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش» ئىسلاھاتىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ ھەمبەھىرلىنىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنى ئەڭگە ئالدۇرۇش، تىزىملاش ئىش تۈرلىرىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى. «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىۋېتىش» ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئەسلىدىكى تىجارەت كىنىشكىسىنى بېجىرىشتە ئوخشاش بولمىغان ساھەلەر بويىچە 200دىن ئارتۇق مەمۇرىي تەستىق ئېلىش زۆرۈر بولۇشتىن 28 تۈرلۈك ئالدىن ئىجازەت بېرىلىدىغان «ئاۋۋال ئىجازەتنامە بېجىرىپ، كېيىن كىنىشكا بېجىرىش»كە كېمەيتىلگىچە، يەنە نۆۋەتتە 100 تۈرلۈك مەمۇرىي تەستىق تۈرى ئىچىدە «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىۋېتىش» ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشقىچە، كارخانا قۇرۇش ۋاقتىنى ئۈنۈملۈك قىسقارتتى.

كارخانىلارنىڭ «نام قويۇش قىيىن بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون كارخانا نامىنى ئۆز ئالدىغا مەلۇم قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، كارخانا نامىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش بىلەن رويخەتكە ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ بېجىردى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا كارخانا نامىنى ئۆز ئالدىغا مەلۇم قىلىش 164 مىڭ پارچىدىن كۆپرەككە يېتىپ، بارلىق تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان نامنىڭ 58.1%نى ئىگىلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە پۈتۈن مۇساپىلىك ئېلېكترونلۇق تىزىملاش، توردا تىزىملاش قاتارلىق «ئالاقە تورى+ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى»نى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، «ھۆكۈمەت ـ بانكا»، «ھۆكۈمەت ـ پوچتا» ھەمكارلىق مېخانىزمىغا تۈرتكە بولدى. ئىلتىماس قىلغۇچى پۈتۈن شىنجاڭدىكى 2000دىن ئارتۇق بانكا تور نۇقتىسىدا بىر قېتىمدىلا كارخانىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش كەسپىنى بېجىرەلەيدۇ ھەم تىجارەت كىنىشكىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتى ئارقىلىق، «بىر قېتىممۇ قاتىرىماي» كىنىشكا بېجىرىش تەرتىپىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي بار بولغان بازار سۇبيېكتى 1 مىليون 750 مىڭى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا 353 مىڭ. ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4639 خۇسۇسىي كارخانا، 28 مىڭ 500 يەككە سودا ـ سانائەتچى يېڭىدىن تەسىس قىلىندى. خۇسۇسىي كارخانا، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ سانى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. شۆفېڭ گۇرۇھى بىلەن شىنجاڭ يۈشياڭ خۇيياڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىكتىكى ھەم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى سەككىز تۈرلۈك دۆلەت كارخانىسىدا ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇشنى بېكىتتى؛ كارخانىلارنىڭ كاپىتالنى ئاكسىيەلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، پېيىنى بازارغا سېلىپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتتى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ)چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قارىمىقىدىكى خېڭشېڭ بېرىللىيچىلىقى ۋە شىنجاڭ ساڭمەييۈەن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ پاي ئىگىلىشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تېز ئالغا سىلجىتتى.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش قاتلىمى دەرىجىسىنى قىسقارتىپ، باشقۇرۇش قاتلىمى دەرىجىسىنى 3 ـ، 4 ـ دەرىجە ئىچىدە كونترول قىلدى؛ ئاساسىي كەسىپ بىلەن باغلىنىش دەرىجىسى تۆۋەن، مەبلەغ سېلىش پايدىسى تۆۋەن بولغان قانۇنىي ئىگە ئورۇنلارنى ئازايتتى، بۇلتۇر تۆۋەن ئۈنۈملۈك، ئۈنۈمسىز ۋە مۇردا كارخانىدىن 43نى بىر تەرەپ قىلىشنى تاماملاش ئاساسىدا، بۇ يىل بەش مۇردا كارخانىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى يەنە دۆلەت كاپىتالى سېلىنمىسى تىجارىتى مەخسۇس تۈرىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ سېلىنما تەرەققىيات (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سېلىنما چەكلىك شىركىتى دۆلەت كاپىتالى سېلىنمىسى، تىجارىتى شىركىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 14 تۈرلۈك مۇدىرىيەت ۋەزىپە ھوقۇقى بېرىپ، كۆچەپ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ، ئەندىزىنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەت كاپىتالى سېلىنمىسى، تىجارىتى شىركىتىنى ھەقىقىي تۈردە دۆلەت كاپىتالىنى بازارلاشتۇرۇپ يۈرۈشتۈرۈشتىكى كەسپىي سۇپا قىلىپ بەرپا قىلدى. شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشى گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ لەنشەن تۈنخې خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، غەربىي قىسىم ئالتۇن پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ مېيكې خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت تۆت كارخانا گوۋۇيۈەن دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى «قوش يۈز ھەرىكىتى»گە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللىنىپ، تىرىشىپ ئىسلاھاتنىڭ نۇقتىلىق ساھەسى ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىدا ئالدىن بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇردى.

تىجارەت خاراكتېرلىك دۆلەت مۈلكىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرتۇتاش نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش جەھەتتە، ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى 38 كارخانا دۆلەت مۈلكىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرتۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى 1238 كارخانىنىڭ ھەممىسى دۆلەت مۈلكىنى بىرتۇتاش نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشقا تەرتىپ بىلەن كىرگۈزۈلدى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

ۋەتەنپەرۋەر خۇاچياۋلارنىڭ رەھبىرى ستۇ مېيتاڭ:

مەن يەنىلا بىر ھەقىقي جۇڭگولۇق

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجۇ، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شياۋ سىسى) گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جياڭمېن شەھىرىنىڭ كەيپىڭ چىكەن بازىرىدا ۋەتەنپەرۋەر خۇاچياۋلارنىڭ رەھبىرى ستۇ مېيتاڭنىڭ كونا تۇرالغۇسى بار. ئىشىك ئالدىدىكى ئون نەچچە كۋادرات مېتىرلىق سېمونت يەرگە ستۇ مېيتاڭ ئەپەندىنىڭ يېرىم مىس ھەيكىلى قويۇلغان بولۇپ، ئىنتايىن خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. گەرچە ئامېرىكا قىتئەسىدە كۆپ يىل ياشىغان بولسىمۇ، بىراق ستۇ مېيتاڭ ئەپەندى مۇشۇ يەردىن يولغا چىققان، كېيىن كىشىلىك ھاياتىدىكى بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرگەن. «مەن يەنىلا بىر ھەقىقي جۇڭگولۇق»، بۇ، ئۇنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ سەممىي ئىپادىسى.



ستۇ مېيتاڭنىڭ سۈرىتى. ☐شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ستۇ مېيتاڭ، ئەسلىي ئىسمى ستۇ شيېنىي، تەخەللۇسى جىزەن، 1868 ـ يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى كەيپىڭ شەھىرىنىڭ چىكەن بازىرىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 12 يېشىدا تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يۇرتداشلىرىغا ئەگىشىپ ئوكيان ھالقىپ ئامېرىكىغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىپ، تاڭرېنجيېدىكى بىر ئاشخانىدا يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلغان. 1885 ـ يىلى، 17 ياشقا كىرگەن ستۇ مېيتاڭ باش قويۇپ قەسەم بېرىپ، خۇڭمېن جىگۇڭتاڭغا قاتنىشىپ، پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن يولغا ماڭغان.

1894 ـ يىلى، ستۇ مېيتاڭ بوستونغا كېلىپ، ئەنلياڭتاڭنى قۇرۇپ، «كۈچلۈكلەرنى يوقىتىپ، ئاجىزلارنى يۆلەش، زوراۋانلارنى يوقىتىپ، ياخشىلارنى خاتىرجەم قىلىش» بايرىقىنى چىقارغان. ئەنلياڭتاڭ ناھايىتى تېزلا خۇڭمېن جىگۇڭتاڭ بايرىقى ئاستىدىكى كۈچلۈك تەشكىلات بولۇپ قالغان، ئاخىرىدا تەرەققىي قىلىپ ئامېرىكىدىكى 31 شەھەردە ئەنلياڭتاڭ قۇرۇلغان، كۆلىمى زور بولۇپ، ئەزاسى 20 نەچچە مىڭ كىشىگە يەتكەن. 1905 ـ يىلى ستۇ مېيتاڭ نيۇيوركتا «ئەنلياڭ زۇڭتاڭ»نى قۇرۇپ، ئۆزى باشلىق بولغان.

1904 ـ يىلى سۈن جۇڭشەن ئامېرىكىغا بېرىپ ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ستۇ مېيتاڭ سۈن جۇڭشەننىڭ ئىنقىلابىي غايىسىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزى قوغدىغۇچى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى قارار قىلغان، خۇڭمېن تەشكىلاتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردىن سۈن جۇڭشەننىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى قوللىغان.

18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، ستۇ مېيتاڭ خۇاچياۋلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. 1937 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، ستۇ مېيتاڭ بىلەن ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىرلىكتە نيۇيوركتا خۇاچياۋلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش تەمىنات توپلاش باش ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، خۇاچياۋلارنى ۋەتەننىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، نيۇيورك «تەمىنات توپلاش باش ئىدارىسى» 14 مىليون دوللار ئىئانە توپلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ستۇ مېيتاڭ رەھبەرلىكىدىكى ئەنلياڭتاڭ نيۇيوركتىكى خۇاچياۋ تەشكىلاتلىرى ئىچىدە ۋەتەن ئۈچۈن ئەڭ كۆپ پۇل ئىئانە قىلغان خۇاچياۋ تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى.

1941 ـ يىلى قىشتا، ستۇ مېيتاڭ مىللىي سىياسىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىپ، ئامېرىكىدىن ۋەتەنگە قايتىپ مىللىي سىياسىي ئىشلار كېڭىشىگە قاتناشقان. ئويلىمىغان يەردىن شياڭگاڭدىن ئۆتكەندە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى تۇيۇقسىز پارتلاپ، شياڭگاڭ قولدىن كېتىپ، ستۇ مېيتاڭ نەزەربەند قىلىنغان. ياپونىيە ئىشپىيونلىرىنىڭ كاتتىبېشى شىچى ستۇ مېيتاڭنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئىگىلەپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئىشپىيونلۇق ئورگىنىغا بېرىشقا تەھدىت سېلىپ، قىزىقتۇرۇپ، ئۇنى تەرتىپ ساقلاش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولۇشقا مەجبۇرلىغان. ئەينى چاغدا ستۇ مېيتاڭ 75 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىپ، يۈكسەك مىللىي غۇرۇرىنى ئىپادىلىگەن. كېيىن ستۇ مېيتاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتى ۋە شياڭگاڭدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ياردىمىدە، باشقىچە ياسىنىپ چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ ئىچكىرى ئۆلكىگە قايتىپ كەلگەن.

چۇڭچىڭغا كەلگەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت ئەزالىقى ۋەزىپىسىنى بېرىشنى ۋەدە قىلغان. ستۇ مېيتاڭ بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ چىرىكلىكى ۋە كەڭ ئارقا سەپتىكى ئاممىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى كۆرۈپ، گومىنداڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، جياڭ جيېشىنىڭ «ياخشى كۆڭلى»نى رەت قىلغان.

1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، «ئامېرىكا قىتئەسى خۇڭمېن كېڭەش يىغىنى» نيۇيوركتا ئۆتكۈزۈلۈپ، خۇڭمېن جىگۇڭتاڭنى چەت ئەلدىكى خۇاچياۋلار سىياسىي پارتىيەسى «جۇڭگو خۇڭمېن جىگۇڭداڭ»غا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قارار قىلغان، ستۇ مېيتاڭ پۈتۈن ئامېرىكا باش ئىشتابىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. يىغىندا، ئۇ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى خۇاچياۋ گېزىتى ساھەسىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ مەشھۇر «ئون گېزىت خېتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، «گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرۇش، مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىپ، دېموكراتىك ھۆكۈمەت قۇرۇش» سىياسىي تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

1948 ـ يىلى ئۇ ئاشكارا باياناتى ئېلان قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئېچىش، خەلق دېموكراتىك ھۆكۈمىتى قۇرۇش تەشەببۇسىنى قوللىغان. كېيىنكى يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ خەت ئەۋەتىپ، ستۇ مېيتاڭنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ستۇ مېيتاڭ ماۋ زېدۇڭ، جوۋ ئېنلەيلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى خۇاچياۋلارنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن 1 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مەركىزىي خۇاچياۋ ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە سايلانغان ھەم دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان.

1955 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ستۇ مېيتاڭنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، بېيجىڭدا ئالەمدىن ئۆتكەن، شۇ يىلى 87 ياش ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تەزىيە يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن. جوۋ ئېنلەي قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ھەم پايتەختتىكى ھەر ساھە زاتلىرىدىن بولۇپ 700دىن ئارتۇق كىشى تەزىيە بىلدۈرۈشكە قاتناشقان. جوۋ ئېنلەي تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان، ستۇ مېيتاڭنىڭ جەسىتى باباۋشەن ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. بۇنداق داغدۇغىلىق تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى بىر ئۆمۈر ۋەتەننى سۆيگەن پېشقەدەم خۇاچياۋغا بىلدۈرۈلگەن ئەڭ ئالىي ئېھتىرام ئىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)